# ھەمراھىڭلار ھەنزەلەنى مالائىكىلەر يۇيۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئايالىدىن سوراپ بېقىڭلار

ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانلىقى رىۋايەت قىلىندى: مۇسۇلمانلار ئوھۇد كۈنى مەغلۇپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قويۇپ قېچىپ، مەدىنە يېنىدىكى تاغقا جايلاشقان يېزا-قىشلاقلارغا بېرىپ توختىدى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى، شۇ ۋاقىتتا ھەنزەلە ئىبنى ئەبى ئامىر بىلەن ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب ئۇچرىشىپ قالدى، ھەنزەلە ئەبۇ سۇفياننى بېسىۋالغاندا شەدداد ئىبنى ئەسۋەد ئۇنى كۆرۈپ، ھەنزەلەگە قىلىچ ئۇرۇپ ئۇنى ئۆلتۈردى، ھەنزەلە ئەبۇ سۇفياننى ئۆلتۈرۈشكە ئاز قالغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەمراھىڭلار ھەنزەلەنى مالائىكىلەر يۇيىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئايالىدىن سوراپ بېقىڭلار!» دېدى، ئايالى: جەڭگە چاقىرىلغاندا، ئۇ ئۆيدىن جۇنۇپ ھالدا چىقىپ كەتكەن،-دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇ سەۋەبتىن ئۇنى مالائىكىلەر يۇدى» دېگەن

ھەسەن(ھەدىسنى سەھىھ قىلىدىغان تۆت شەرتى تولۇق بولۇپ بەشىنچى شەرتىدە مەسىلە بولسا ھەسەن بولىدۇ)] [ئىبنى ھىببان"سەھىھ ئىبنى ھىببان"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - بەيھەقى"شۇئەبىل ئىمان"(ئىمان شاخچىلىرى)ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ھاكىم "مۇستەدرەك"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

مۇسۇلمانلار ئۇھۇد كۈنى غەلبە قىلغان ئىدى، ئوقچىلار رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغاندىن كېيىن مەغلۇپ بولدى، بەزى كىشىلەر رەسۇلۇللاھنى قويۇپ قېچىپ، مەدىنە ئەتراپىدىكى يېزا-قىشلاقلارغا بېرىپ توختىغاندىن كېيىن، يەنە رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى، شۇ ۋاقىتتا ھەنزەلە ئىبنى ئەبى ئامىر بىلەن مۇشرىكلارنىڭ كاتتىۋېشى ئەبۇ سۇفيان جەڭ مەيدانىدا ئۇچرىشىپ قالدى، ھەنزەلە ئەبۇ سۇفياننى بېسىۋېلىپ، ئۆلتۈرۈشكە ئاز قالغاندا شەدداد ئىبنى ئەسۋەد كۆرۈپ، ھەنزەلەگە قىلىچ ئۇرۇپ ئۇنى شېھىت قىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلارغا: ھەنزەلەنى مالائىكىلەر يۇيۇۋاتىدۇ، دەپ خەۋەر قىلىپ، ئۇلارنى ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئايالىدىن سوراپ بېقىشقا بۇيرىدى، ئايالى ئۇلارغا: جەڭگە چاقىرىلغاندا، ئۇ ئۆيدىن جۇنۇپ ھالدا چىقىپ كەتكەن،- دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: ئۇ جۇنۇپ ھالەتتە شەھىد قىلىنغانلىقى ئۈچۈن پەرىشتىلەر ئۇنى يۇيغانلىقىنى خەۋەر بەردى



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee